"خىتاي ئاتوم سىناقلىرى زىيانكەشلىكنى يوشۇرۇشنىڭ ئەس مىراسى قىلايلى"

"10-ئاينىڭ 16-كۈننى خىتاي ئاتوم سىناقلىرى زىيانكەشلىكنىڭ مۇسىبەت كۈنى قىلىپ بەلگىلەيلى"

1964-يىلى 10-ئاينىڭ 16-كۈندىن باشلاپ 1996-يىلغىچە بولغان 32 يىلدا ، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان(ھازىرقى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى )نىڭ لوپنۇردا ئاتوم سىناقلىرى ئېلىپ باردى. خىتاي ھۆكۈمىتى 46 قېتىم سىناق قىلدۇق دەپ رەسمىي ئېلان قىلغان بولسىمۇ ،كىچىك تىپتىكى سىناقلارنىمۇ قوشقاندا ئاتوم سىناقلىرىنىڭ سانى 50 قېتىمدىن ئاشىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى ، ئاتوم سىناقلىرى ئېلىپ كەلگەن مۇھىت بۇلغىنىش ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ سالامەتلىكىگە بولغان زىيانكەشلىكنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇنداقلا ئەتراپتىكى ئاھالىلەر بىلەن كارى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئاتوم سىناقلىرىنى  داۋاملاشتۇرىدۇ. شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا  ھەتتا بۇ ئاتوم سىناقلىرى  ۋە ئاتوم سىناقلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سالامەتلىكىگە قانداق تەسىرى بارلىقى توغرىلىقمۇ ھېچقانداق مەلۇمات بەرىلمىگەن.

1980-يىلى 10-ئاينىڭ 16-كۈنى ئەڭ ئاخىرقى ھاۋا بوشلۇقىدىكى ئاتوم سىنىقى ، 1996-يىلى 7-ئاينىڭ 29-كۈنى ئەڭ ئاخىرقى يەر ئاستى سىنىقى ئۆتكۈزۈلدى. خىتاينىڭ ئاتوم سىنىقىنىڭ بۇزغۇنچىلىق كۈچى ياپونىيە ھېروشىمادىكى 120000 دىن 140000 غا قەدەر ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى دەپ قارىلىدىغان ئاتۇمنىڭ بۇزغۇنچىلىق كۈچىدىن 1300 دىن 1400 ھەسسە ئارتۇق.

1994-يىلى ئۇيغۇر دوختۇر ئەنۋەر توختى ئۆزى ئىشلەيدىغان دوختۇرخانىدا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تۇرىدىغان خىتاي كۆچمەنلىرىدىكى يامان خاراكتېرلىق ئۆسمە يەنى راكنىڭ ئىنتايىن كۆپلىنى بايقاپ تەكشۈرۈشكە باشلايدۇ.

ئۇندىن كېيىن ، ئەنگلىيەنىڭ ھۆججەتلىك فىلىم ئەترىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئاتوم سىناقلىرىنىڭ زىيانكلەشلىكگە ئۇچرىغانلارنى بىۋاستە تەكشۈرەيدۇ. "يىپەك يولىدىكى ئۆلۈم ئىلاھى" دېگەن ھۆججەتلىك فىلىم 1998-يىلى ئەنگلىيەنىڭ "چانېل 4" تە قويۇلۇپ دۇنيا خەلقىگە خىتاي ئاتوم سىناقلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىنى تونۇتىدۇ.

ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايەتلىك سىناقلار  بەدىلىگە ئاتوم قورالىغا ئىگە بولغان خىتاي ھۆكۈمىتى پاكىستان ،شىمالىي كورىيە ۋە ئىران قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئاتوم تېخنىكىسى بىلەن تەمىنلىمەكتە.

هازىر ئىقتىسادى تەرەققىياتقا ئېرىشكەن  خىتاينىڭ ھەربىي كۈچى ۋە ئاتوم تەھدىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى دۆلەت ۋە زېمىنلارنى بېسىۋېلىش ئويىنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ يېقىنقى بىر يۈرۈش ھەرىكەتلىرى دۇنيا ۋە ئاسىيانىڭ تېنچلىقىغا تەھدىت سالىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئېلىپ بارغان  ئاتوم سىناقلىرىنىڭ ھەققىي ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىش  ۋە يادرو قوراللىرىدىن خالىي  تېنچ دۇنياغا دەۋەت قىلىش  ئۈچۈن ئىككى ئىمزا توپلاش پائالىيىتىنى خەلقئارادا قانات يايدۇرماقچى:

"خىتاي ئاتوم سىناقلىرى زىيانكەشلىكىنى يۈنېسكونىڭ ئەس مىراسى قىلايلى"

"10-ئاينىڭ 16-كۈننى خىتاي ئاتوم سىناقلىرى زىيانكەشلىكىنىڭ مۇسىبەت كۈنى قىلىپ بەلگىلەيلى"

**ئىمزا توپلاشقا چاقىرىق قىلغۇچىلار:**

دوكتور ئەنۋەر توختى

شەرقىي تۈركىستان سۈرگۈن ھۆكۈمىتى پرېزىدېنتى ئەخمەتجان ئوسمان

2016-يىلى 8-ئاينىڭ 14-كۈنى ئىمزا توپلاش رەسمىي باشلاندى.

2016-يىلى 10-ئاينىڭ 16-كۈنى ياپونىيە توكيودا "خىتاينىڭ ئاتوم تەھدىتى"

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىدۇ.